UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

12.10.2020 – 18.10.2020

تەييارلىغۇچى : نىجات تۇرغۇن
تەھرىرى : پاسىبان

3 ـ سان
25/10/2020

https://www.uysi.org/ug/

## غەرب - ختاي مۇناسىۋەتلىرى

(20.10.12-20.10.18)

■ ياۋروپا پارلامېنتى ختاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ سەزگۈر سانائەت تارماقلىرىنى ئىستراتېگىيەلىك سېتىۋېلىشىدىن قوغداش ئۈچۈن يېڭى بىر تۈزۈم يولغا قويماقچى. ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزۈندىن بۇيان ختاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مىللىي خەۋپسىزلىككە مۇناسىۋەتلىك شىركەتلەرنى سېتىۋېلىپ، بۇ ئارقىلىق تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇش تەھدىتىگە ئۇچراپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى يېڭى تۈزۈم ئارقىلىق ختاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ داۋاملىق تۈردە ياۋروپادىكى مىللىي خەۋپسىزلىككە ئالاقىدار ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى بولغان شىركەتلەرنى سېتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدىغان بولدى ۋە بۇ ياۋروپانىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قوغداشقا قارىتا ئېلىنغان بىر چوڭ قەدەم بولدى. ئەمما ئاخىرقى قارار يەنىلا ھەر قايسى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئورتاق قارارىغا باغلىق.[1]

■ ئەنگلىيە - ختاي مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇش نۇقتىسى — 2019- يىلى هوڭكوڭدا باشلانغان نامايىشلار. ئەنگلىيە ئۇزۇندىن بۇيان ختاينىڭ شەرقىي جەنۇبى ختاي دېڭىزىدىكى ھەرىكەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قىلىۋاتقان زۇلمىغا ئاگنوستىك پوزىتسىيە (ئىككىلىنىش پوزىتسىيەسى) تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. هوڭكوڭدىكى نامايىشنىڭ داۋام قىلىشى ۋە ختاينىڭ هوڭكوڭدا يېڭى خەۋپسىزلىك قانۇنىنى يولغا قويۇشى ئەنگلىيەنىڭ سىياسىي

[1] https//:sciencebusiness.net/news/technology-sovereignty-new-eu-rules-block-foreign-takeovers

قىزىل سىزىقىغا تەگدى ۋە بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ سوغۇقلىشىشىغا سەۋەب بولدى.[2]

■ خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى « ئامېرىكىنىڭ ھىندى - تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيەسى شەرقىي ئاسىيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا زىيانلىق، ئامېرىكا بۇ ئىستراتېگىيە ئارقىلىق ئامېرىكا، ھىندىستان، ياپونىيە ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق تۆت دۆلەتنىڭ مېخانىزمىنى ئاساس قىلىپ، ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىدا شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى قۇرماقچى، بۇ ئىستراتېگىيەلىك، ۋاقتى ئۆتكەن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇش روھى ھالىتى گۇرۇپپىلارنىڭ توقۇنۇشى ۋە جۇغراپىيەلىك كۈچ رىقابىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ» دېدى.[3]

■ فىرانسىيە چوڭ دىپلوماتى Penot Christophe نى ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىغا ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ فىرانسىيەنىڭ بۇ رايونغا تەيىنلىگەن تۇنجى ئەلچىسى بولۇپ، Penot Christophe يازدىكى بىر زىيارەتتە «بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا سىستېمىنىڭ نورملىرى ۋە قىممەت قاراشلىرى بىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتىدۇ ۋە بۇ خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبى بىلەن تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى» دېگەن ئىدى. فىرانسىيەنىڭ ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىغا سالغان مەبلىغى 176 مىليارد دوللار بولۇپ، بۇ رايوندىكى تىجارەت فىرانسىيە ئېكسپورتىنىڭ 17%ى ۋە ئىمپورتىنىڭ 14% نى ئىگىلەيدۇ.

*فىرانسىيە خىتايغا قارىتا پوزىتسىيە ئۆزگەرتكەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ۋە 9- ئايدا گېرمانىيە ھىندى -تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيەسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسى مەقسىتى خىتايغا بولغان*

[2] https//:www.rusi.org/commentary/gamblers-code-reassessing-uk-china-golden-age
[3] https//:www.fmprc.gov.cn/web/wjbzhd/t1823539.shtml

*دىپلوماتىك بىسىمنى ئاشۇرۇش بولۇپ، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ خىتايغا قارىتا پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىدە تېخىمۇ ئەمەلىيەتچان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.[4]*

## ياۋروپا ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى

20.10.25 -20.10.19

■ ئىتالىيە خىتاينىڭ خۇاۋېي شىركىتىنى ئىتالىيەدىكى 5گ قۇرۇلۇشىدىن چىقىرىۋەتتى. ئالدىنقى ئايلاردا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بىلگىيە ۋە چېخىيەگە ئەگىشىپ ئىتالىيەمۇ خۇاۋېينى ئىتالىيەدىكى 5گ قۇرۇلىشىدىن چىقىرىۋەتتى.[5] ئىتالىيەنىڭ بۇ قارارى سەۋەبىدىن خىتاي ئىتالىيەگە بېسىم قىلىشى ۋە ئىتالىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىشى مۇمكىن.

■ شۋېتسىيە تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ دۆلەت ئىستىخباراتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن خىتاينىڭ خۇاۋېي ۋە ZTE شىركەتلىرىنى 5گ قۇرۇلۇشىغا كىرىشتىن ۋە شىركەتلەرنى 5گ قۇرۇلۇش جەريانىدا خۇاۋېي ۋە ZTE شىركىتىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىشتىن چەكلىدى.[6] شۋېتسىيە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بۇ توغرىسىدا بەرگەن باياناتىدا «خىتاي شۋېتسىيە دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن چوڭ بىر تەھدىت» دېدى.[7]

---

[4] https//:www.smh.com.au/world/asia/france-escalates-china-push-appoints-ambassador-for-indo-pacific-20201012-p5647f.html
[5] https//:www.orfonline.org/expert-speak/the-huawei-decoupling-continue/
[6] https//:www.scmp.com/news/china/article/3106358/banning-huawei-and-zte-sweden-calls-china-national-security-threat
[7] https//:www.sakerhetspolisen.se/en/swedish-security-service/about-us/press-room/current-events/news-2020-10-20/the-importance-of-a-secure5-g-network.html

*يۇقارقى ئىككى دۆلەتنىڭ قارارلىرىدىن قارىغاندا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خىتايغا تېخنولوگىيە جەھەتتە زىيادە بېقىندى بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلۇش، تېخنولوگىيە ساھەسىدىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئارقىلىق ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە خىتاينىڭ تېخنولوگىيە ئارقىلىق ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە بولغان تەھدىتىنىڭ ئالدى ئېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.*

■ ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېئو ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ۋە خەۋپسىزلىك سىياسىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىلى ۋە ياۋروپا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشنىڭ ئاساسى تېمىسى خىتاي ھەققىدە بولۇپ، ئىككى تەرەپ خىتايغا ئالاقىدار بارلىق تېمىلاردا (ھوڭكوڭ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرى، خىتاينىڭ كورونا ۋىرۇسىنى بىر تەرەپ قىلىشى ۋە 5گ مەسىلىلىرى ) سۆھبەتلەشكەن ۋە بۇ سۆھبەتنىڭ بۇ يىل 11-ئايدا داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[8]

*بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچرىششى خىتايغا قارشى تۇرۇشتا ترانساتلانتىك ئىتتىپاق ھەمكارلىقىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ۋە ئالدىمىزدىكى ۋاقىتلاردا ئىككى تەرەپنىڭ خىتاي تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشتا ھەر قايسى ساھەلەردە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتىدۇ.*

■ خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئېكسپورت كونترول قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن بۇ يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلىدۇ. بۇ قانۇندا دېيىلىشىچە خىتاي ھۆكۈمىتى ھەربىي ۋە يادرو مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇيۇملارنى چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىشنى كونترول قىلىدىكەن ۋە بۇ قانۇن ئارقىلىق خىتاي ۋە چەتئەل شىركەتلىرىنى

[8] https//:www.voachinese.com/a/US-EU-dialogue-china.20201023/5633495-html

قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەھۋال ئاستىدا جازالايدىكەن.[9]

***خىتاي بۇ ئارقىلىق غەرب دۆلەتلىرى ۋە شىركەتلىرىدىن ئۆچ ئېلىشى ۋە بۇ غەرب شىركەتلىرى ئۈچۈن ماھىيەتلىك بىر رىقابەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھازىر ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە خىتاي ئېكسپورت كونترول تۈزۈمىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. بۇ تەلەپكە لايىقلىشىش تەننەرخى (compliance costs) نى ئۆستۈرۈۋېتىدۇ. ھەر قايسى كۈچلەر ئۆز رايونلىرىدا تېخىمۇ جىق ئىقتىسادى قوغۇقچىلىق (protectionism) تۈزۈمگە قاراپ مېڭىشى مۇمكىن.***

■ خىتاينىڭ «17+1» پروجەكتى بىخەتەرلىك ئەندىشىسى ۋە بۇزۇلغان ۋەدىلەر ئېچىدە توختاپ قېلىۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، گەرچە خىتاي زور مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. 2012-يىلى خىتاي ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا 17 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر تەسەۋۋۇر قىلغان 40 نەچچە تۈرنىڭ پەقەت تۆتىنىلا ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئىككىنچىدىن، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر خىتايغا بېقىندى بولۇپ قېلىشنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاۋاتىدۇ ۋە «17+1» پروجەكتىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشقا زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. ئۈچىنچىدىن، ئامېرىكا - خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىكى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى قايتىدىن ئويلىشىۋاتىدۇ. ھازىرغا قەدەر كىرودىيە، چېخىيە، ئېستونىيە، رومىنىيە، سېربىيە ۋە سىلوۋاكىيە تەدبىر قوللىنىپ، خىتاينىڭ خۇاۋېي شىركىتىنىڭ 5گ قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى چەكلەۋاتىدۇ.[10]

[9] https//:merics.org/en/briefing/chinas-new-export-control-law
[10] https://www.aspistrategist.org.au/chinas-171-initiative-stalls-amid-security-concerns-and-broken-promises/

*ئەگەردە بۇ رايوندىكى دۆلەتلەردە خىتاينىڭ «17+1» پروجەكتى مەغلۇپ بولسا خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى ئىستراتېگىيەسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ ۋە ئىقتىساد - سودا جەھەتتە ئېغىر زىيان بولىدۇ.*

## تەۋسىيەلەر

■ بۈگۈن ياۋروپادىكى دۆلەتلەر تېخنولوگىيە ساھەسىدە خىتايغا بېقىندى بولۇپ قىلىشتىن قۇتۇلۇش ۋە خۇاۋېينىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە شەكىللەندۈرۈۋاتقان تەھدىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ياۋروپا ئىتتىپاقى لوبىي خىزمەتلىرىدە خۇاۋېينىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇمغا ھەمدەمدە بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ «دىجىتال مۇستەبىتلىك» (authoritarianism digital)نى دۇنياغا ئېكسپورت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك

■ خىتاي - ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋەتلىرىدە خىتاينىڭ ئېكسپورت كونترول قانۇنىنى يولغا قويۇشى بىلەن بەزى ياۋروپا شىركەتلىرى جازاغا ئۇچرىشى مۇمكىن. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق ۋە قۇللۇق سىياسىتىگە ياردەمدە بولۇۋاتقان ۋە نەپ ئېلىۋاتقان خىتاي شىركەتلىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىشى لازىم.

■ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادا رايونلىرىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئاڭلىتىشىنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىش لازىم